# «شەنشى دولقۇننىڭ بېشىدا مەزمۇت تۇرۇش، تىرىشىپ دەۋر ئەزىمەتلىرىدىن بولۇش ئىرادىسى ۋە جاسارىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك»

(بېشى 3 - بەتتە)

بۇ قېتىم غەربىي قىسمىدىكى رايونلارغا بېرىپ تەكشۈرگەندە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالى دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنىڭكىگە ئوخشاش بولمىدى، ئۇلار ئوخشاشلا خىرىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلىيەلەمدۇ؟ باش شۇجى شى جىنپىڭ مەخسۇس غەربىي شىمال رايونىدا تەسىر كۈچكە ئىگە دۆلەت ئىلكىدىكى ياسىمچىلىق كارخانىسى — شەنشى ئاپتوموبىل پاي كونترول گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىگە بېرىپ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

شىركەت مەيدانىدا تۈرلۈك ئېغىر تىپتىكى دالا ئاپتوموبىلى، ئېغىر تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلى قاتارلىق يېڭىدىن زاۋۇتتىن چىققان مەھسۇلاتلار رەتلىك تىزىلغانىدى. شى جىنپىڭ ماشىنىغا چىقىپ كۆرۈپ، مەھسۇلاتنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

ئومۇميۈزلۈك قۇراشتۇرۇش سېخىغا كىرگەندە، ئۇ خادىملارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى.

كارخانا مەسئۇلى دوكلات قىلىپ مۇنداق دېدى: ئۇلار «ماسكا تاقاش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ ئىشقا چىقىش، ئىشتىن چۈشۈش، بارلىق خادىملار ئايرىم غىزالىنىشتا چىڭ تۇردى...» باش شۇجى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ھەقىقەتەن پۇختا بوپتۇ. ھەم ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە ھەرگىز بوشىشىپ كېتىشكە بولمايدۇ، قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، بولمىسا ئەجىر يوققا چىقىدۇ».

ئومۇميۈزلۈك قۇراشتۇرۇش سېخىدا ئىش ئالدىراش ئىدى. بىر قۇراشتۇرۇش ئىش ئورنىدا، ئىشچى «ئۇستام» يېڭى «شاگىرت»نى باش شۇجىغا تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئۇ ئەسلىدە تەيكۇ قۇراشتۇراتتى، ھازىر تۇرۇبا يوللىرىنى ئۇلاشنى ئۆگىنىۋاتىدۇ، بىز كۆپ ئىقتىدارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىۋاتىمىز. ئومۇميۈزلۈك قۇراشتۇرۇشتىكى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە 26 ئىش ئورنى بار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە ئىش ئورنىغا چىقىشقا ئامالسىز قالغان تەقدىردىمۇ، يەنە كۆپ ئىقتىدارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەر ۋاقىت ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئىشلىيەلەيدۇ».

كارخانا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئاساسلىقى «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەرگە سېتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ يۇقۇمنىڭ كارخانىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ چوڭ بولغان - بولمىغانلىقىنى كۆڭۈل بۆلۈپ سورىدى.

«يۇقۇمدىن ئىلگىرى، كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 700 - 600 زاكاز قوبۇل قىلاتتۇق، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن كۈنىگە 1000دىن زاكاز قوبۇل قىلىدىغان بولدۇق، ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش ئەھۋالى يۇقۇمدىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ياخشىراق بولۇۋاتىدۇ» دېدى كارخانىدىكى مەسئۇل يولداش ناھايىتى پەخىرلەنگەن ھالدا.

2 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋاقتىدا يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سۈرئىتىنى ئۈزلۈكسىز تېزلەتتى، كۆلىمىنى كېڭەيتتى، ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ كەسىپ زەنجىرىدە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، يۇقۇم ئاپىتى ئالدىدا، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىدا غايەت زور ئېلاستىكىلىق نامايان قىلىنىپ، بۇ كارخانىنىڭ ئوڭۇشسىز ۋەزىيەتتە يۈكسىلىشىنى كۈچلۈك تاشقى تىرەك بىلەن تەمىنلىدى. كارخانا مەسئۇلى باش شۇجىغا دوكلات قىلىپ مۇنداق دېدى: كارخانا مەھسۇلاتىنىڭ يادرولۇق تېخنىكىسىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ئېچىشقا تايىنىدۇ، دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلىش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاساسلىقى «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەرگە سېتىلىدۇ، چېگرا سىرتىدا يۇقۇمنىڭ يامرىشى كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشىغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسەتمىدى.

«بۇ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، خىرىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇش دېيىلىدۇ.» باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئەمەلىي ئىقتىساد دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ جان تومۇرى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە، دۆلەت كارخانىلىرى ئاساسىي قوشۇنلۇق، جەڭگىۋار قوشۇنلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۆھپە قوشۇش جەريانىدا دۆلەت كارخانىلىرى يەنىلا ئاساسىي قوشۇنلۇق، جەڭگىۋار قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. دۆلەت كارخانىلىرىنى پۇختىلاش، كۈچەيتىش، ئەللاشتۇرۇش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

باش شۇجى شەنشى ئاپتوموبىل گۇرۇھىدىن شەنشىنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «شەنشى غەربىي رايونغا جايلاشقان، يېڭى دەۋردىمۇ دولقۇننىڭ بېشىدا مەزمۇت تۇرۇپ، تىرىشىپ دەۋر ئەزىمەتلىرىدىن بولۇش ئىرادىسى ۋە جاسارىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ھەم غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، ‹بىر بەلباغ، بىر يول›نى ئورتاق قۇرۇش قاتارلىق مۇھىم، زور پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، ھەم خىرىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، كۆز ئالدىدىكى كىرىزىس ۋە خىرىس ئىچىدىن پۇرسەت يارىتىشقا ماھىر بولۇپ، يېڭى ئەندىزە، يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە چىقىش كېرەك».

ياسىمچىلىق ساھەسىدە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پۈتكۈل ئىقتىساد سىستېمىسىنىڭ ئايلىنىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى موتور، جەمئىيەت، تۇرمۇش ساھەسىدىكى سودىنى، بازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىساد سىستېمىسىنىڭ ئايلىنىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى تۈرتكە. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېكىتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ دايەن مۇنارىغا يېقىن داتاڭ كېچىلىك پىيادىلەر كوچىسىغا كەلدى.

رەڭگارەڭ چىراغلار يېقىلغاندا چۈجياڭدا مەي ئىچىش، دايەن مۇناردا نەزمە ئوقۇش، رەڭگارەڭ چىراغ نۇرلىرى كۆزنى قاماشتۇرۇش بىلەن داتاڭنىڭ كاتتا مەنزىرىسى ۋە زامانىۋى مەنزىرە گىرەلىشىپ نۇر چېچىپ، خۇددى سۈرەت كەبى ئاجايىپ گۈزەل بىر مەنزىرە شەكىللەنگەنىدى.

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، ئىلگىرىكى قىستا - قىستاڭ پىيادىلەر كوچىسى بىرمەھەل قۇرۇقدىلىپ، كاساتلىشىپ، چۆلدەرەپ قالغانىدى، ھازىر يەنە قىزىپ كەتتى. يول بويىدىكى ساياھەتچىلەر باش شۇجى جىنپىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ھەيرانلىق، خۇشاللىق ئىچىدە بايقاپ، ئىختىيارسىز ھالدا تەنتەنە قىلىشتى. باش شۇجى شى جىنپىڭ پات - پات ئۇلارغا قول ئىشارىسى قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈردى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ كونا داڭلىق شىئەن ئاشخانىسىغا كىردى. تاماق يەۋاتقان خېرىدارلار، ئاشخانا مۇلازىمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى كېلىپ ئورىۋالدى. ياڭرووۋ پاۋمو، خۇلۇجى، رووجىيامو، شۈيپىن ياڭرووۋ، شەنبېي مىزىگاۋ... باش شۇجى كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بۇلار يۇرت تائاملىرى ئىكەن.» باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: كۆپچىلىكنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ يەنە مەززىلىك تائاملارنى تېتىيالىغانلىقىنى، شەھەردە ئاشخانىلارنىڭ بارغانسېرى ئاۋاتلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئالدىنقى شەرتىدە، سودىنى، بازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تەرتىپلىك تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ نورمال تۇرمۇش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، كۆپچىلىكنى بالدۇرراق نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

پىيادىلەر كوچىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە، دۇكاندارلار بويۇنلىرىنى سوزۇپ بۇ ئالاھىدە «يۇرتداشى»نى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. تېرە قونچاق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى دۇكىنى، تاڭ سۇلالىسى كىيىم - كېچەكلىرى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى دۇكىنى، تاتلىق - تۈرۈم دۇكىنى، يەرلىك خاس مەھسۇلاتلار دۇكىنى... ماھىرلىق بىلەن ياسالغان لاي ھەيكەل، تاڭ سۇلالىسى ئۇسلۇبىدىكى قەدىمىي كىيىمدىن تارتىپ، ھەم كۆركەم، ھەم مەززىلىك شەنشى ئۇن تائاملىرىغىچە، باش شۇجى شى جىنپىڭ يول بويى ماڭغاچ كۆرۈپ، بىر - بىرلەپ توختاپ سورىدى، سودا قانداقراق؟ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە يەنە قانداق قىيىنچىلىق بار؟

ئىككىنچى كۈنى، شەنشى ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ شەنشىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا قولغا كەلتۈرگەن پائال ئىلگىرىلەشلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ شىئەنگە كۆچۈش روھى، يەنئەن روھى ئۈستىدە يەنە بىر قېتىم توختالدى، شەنشى خەلقىنىڭ ئۆزگىچە قەدىمكى چىن سۇلالىسىدىكىلەرگە خاس ئاشۇنداق «ئاجايىپ غەيرىتى» ئۈستىدە توختالدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مۇھىم، زور تارىخىي ئىلگىرىلەشلەرنىڭ ھەممىسى بىر قىسىم ئېغىر، زور ئاپەتلەردىن كېيىن كېلىدۇ، جۇڭخۇا مىللىتى مۇشۇنداق جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە چېنىقىپ، ئۆسۈپ يېتىلگەن. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، غەربىي رايون ۋە غەربىي رايوندىكى كەڭ كادىرلار، ئامما چوقۇم يېڭى دەۋرنىڭ تارىخىي مۇساپىسىدە جۇڭخۇا مىللىتى ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىئەن، 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى زىچ چۆرىدەلىپ، ھەرقايسى مەخسۇس گۇرۇپپىلارنىڭ 2020 - يىللىق ئىسلاھات خىزمىتى پىلانى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، 2020 - يىللىق ئىسلاھات ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، قەتئىي تەۋرەنمەي پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات خىزمىتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلپىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ۋەزىيىتىنى سىجىل مۇستەھكەملەش بىلەن بىللە، نىشان - ۋەزىپىلەرنى بېكىتىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلىپ، مەركەز ئورۇنلاشتۇرما قىلغان ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پۇختا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئىسلاھاتنى نۆۋەتتە سىناق قىلىشنى پۇختا، ياخشى تۇتۇپ، دىققەتنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، ساياھەتچىلىكنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتى، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەللاشتۇرۇش قاتارلىق نۆۋەتتە سىناق قىلىش ۋەزىپىلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ماسلاشتۇرۇش، يېتەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خۇلاسىلەش، تاۋلاشنى ياخشى ئىشلەپ، ھەقىقىي تۈردە كېڭەيتىشكە بولىدىغان، ئۆرنەك قىلىشقا بولىدىغان، پۈتۈن تىرەپ تۇرالايدىغان بىر تۈركۈم ئۈنۈملۈك تەجرىبىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات چوڭ ۋەزىيىتىگە كۈچ قوشۇش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرىنىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلىرى ھەقىقىي تۈردە «قۇرۇلۇش ئەترىتى باشلىقى» «زەربىدارلار ئەترىتى باشلىقى»لىق ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك ئىسلاھات ئىشخانىلىرى، ھەرقايسى مەخسۇس گۇرۇپپىلار، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار خىزمەت لايىھەسىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، تۈزەتكەنلەرنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپ، ھەرىكەت ھالىتىدە نۆللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنىڭ ۋاقتىدا ئالغا سىلجىتىلىشىغا، قەرەلىدە تاماملىنىشىغا، ئەمەلىي ئۈنۈمىنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن تيەن ۋېن، جاڭ چۇنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىمزالاشقا جەلپ قىلدى، تۈر سودا - ئەشيا ئوبوروتى، يېڭى ئېنېرگىيە - يېڭى ماتېرىيال، توقۇمىچىلىق - كىيىم - كېچەك، مەدەنىيەت - ساياھەت كەسپى قاتارلىق كۆپ ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، نېفىت، نېفىت - خىمىيە، كۆمۈر، كۆمۈر - ئېلېكتىر، كۆمۈر - خىمىيە سانائىتى، رەڭلىك مېتال قاتارلىق بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە كەسىپ تۈرىدىن 21ى ئىمزالىنىپ، كېلىشىم سوممىسى 44 مىليارد 815 مىليون يۈەنگە يەتتى. توردا سودىگەر چاقىرىش «تۈر ئەكرىپ»لا قالماي، يەنە 400 مىڭدىن ئارتۇق تورداشنى توردا كۆرۈشكە جەلپ قىلدى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھەرقايسى جايلارنىڭ خاس تۈرلىرىنى تونۇشتۇردى.

كېلىشىم ئىمزالىغان كارخانىلارنىڭ بىرى بولغان بېيجىڭ جۇڭگو مەبلەغ سالغان يەنجىڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ۋاڭ يۈڭخەي مۇنداق بىلدۈردى: «شىنجاڭ كەڭ بازار ئەۋزەللىكىگە ئىگە، يەنە جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرى بار، ئادەم كۈچى، ئېلېكتىر كۈچى، يېقىلغۇ گاز بايلىقى مول بولۇپ، باشقۇرۇش تەننەرخى نىسبەتەن تۆۋەن، ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى كۆپ، سودا - تىجارەت مۇھىتى ياخشى».

ئاپتونوم رايونىمىز يېقىندىن بۇيان يولغا قويغان «شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىش» توردا سودىگەر چاقىرىش سۇپىسى ئارقىلىق، بۇ قېتىمقى «بۇلۇت كېلىشىمى» «سىن يىغىنى+توردا بىۋاسىتە كۆرسىتىش+توردا ھەمتۈرتكە بولۇش»تىن ئىبارەت پۈتۈن جەريان توردا بولۇش ئەندىزىسى قوللىنىلغان. سۇپا خېرىدارلارنىڭ كۆرۈش قىزىقىشىغا ئاساسەن، ئالاقىدار كەسىپ تۈرى، مەبلەغ سېلىش تەننەرخى، ئىش بېجىرىش تەرتىپى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق يوللايدۇ، خېرىدارلار توردا تەقلىدىي تەكشۈرەلەيدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر جاڭ شو مۇنداق بىلدۈردى: بۇ قېتىمقى پائالىيەت يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمىتىنى ئۈزۈلۈپ قويماسلىقتا، توردىن چۈشۈرۈپ قويماسلىقتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىكى يېڭىلىق يارىتىش تەدبىرى. بۇ قېتىمقى كېلىشىم ئىمزالانغان تۈرلەرنىڭ مەبلەغ مىقدارى زور، كۆلىمى، سۈپىتى يۇقىرى، جەمئىيەت ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىشنىڭ مەبلەغ سېلىشقا تۈرتكە بولۇش، يېپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولىنى تىرىشىپ جارى قىلدۇردى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر سىجىل كۈچەپ، پىلانلاشتا يېڭىلىق يارىتىپ، پائال تاقابىل تۇرۇپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىپ، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى، توردا سودىگەر چاقىرىش، مۇلازىمەت كاپالىتى قاتارلىق ئاچقۇچلۇق نۇقتىلارنى چىڭ كۆزلەپ، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىشتا ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە سىجىل تۈرتكە بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەردە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەپتىلىك مەلۇماتى تۈزۈمى، نەقلەشتۈرۈلگەن مەبلەغنى ئايلىق دوكلات قىلىش تۈزۈمى، توردا سودىگەر چاقىرىش سۈرئىتىنى ئايلىق دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىشنى ھەرىكەت ھالىتىدە كۆزىتىپ ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، بۇ يىللىق سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمىتىنى ئورتاق ياخشى ئىشلىدى. توردا سودىگەر چاقىرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كەسىپلەشكەن توردا سودىگەر چاقىرىش سۇپىسى قۇرۇپ، ئۈندىدار ئاممىۋى نومۇرى قاتارلىق ئۇچۇر سۇپىلىرىنى يوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرلىرى ۋە مەبلەغ سېلىش تەرەققىيات مۇھىتىنى سىرتقا تەشۋىق قىلىپ ۋە تونۇشتۇرۇپ، رايون ئىچى - سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلدى. تۈرلەر بويىچە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كاپالىتىنى سىجىل ياخشى ئىشلەپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ خىزمەت تىزىملىك دەپتىرى تەسىس قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى؛ تۈر ئامبىرى قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلىتىپ، ھەرقايسى جايلارنى سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش «تۈر ئامبىرى» قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە يېتەكلىدى؛ سودىگەر چاقىرىش، ھەمكارلىشىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى، باشقا ئۆلكىلەرنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىلىرى، كارخانا بىرلەشمىلىرى(سودىگەرلەر ئۇيۇشمىلىرى)، ۋاستىچى تەشكىلاتلار قاتارلىق ئاپپاراتلارنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ھاۋالە بىلەن سودىگەر چاقىرىش، سودا ئارقىلىق سودىگەر چاقىرىشنى قانات يايدۇرۇپ، مەبلەغ سېلىش مۇددىئاسى بار كارخانىلارنى ۋاقتىدا ئۇدۇللاشتۇرۇپ، جانلىق، كۆپ خىل سودىگەر چاقىرىش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا 326 مىڭ 300 مو يازلىق بۇغداي، 493 مىڭ 100 مو بۇغدايدىن باشقا زىرائەت تېرىلدى؛ 1 - پەسلىدە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا كۆكتات مەھسۇلات مىقدارى 416 مىڭ 400 توننا بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 36.5% ئاشتى.

4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، شايار ناھىيەسىنىڭ يانتاقشەھەر يېزىسى يېڭىيەر كەنتىدە، كەنت ئاھالىسى سەمەت ھېيت كۈزگى بۇغدايغا باش ئوغۇت بېرىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. «بۈگۈنكى كۈندە، پارتىيەنىڭ سىياسىتى بەك ياخشى، ئائىلىمىز سەككىز مو كۈزگى بۇغداي، 11 مو كېۋەز تېرىپ، 5357 يۈەن ياردەم تولۇقلىمىسى ئالدۇق.» 4 - ئاينىڭ بېشىدا، ئاپتونوم رايون 20 ماددىلىق تەدبىر چىقىرىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ھەر مو كۈزگى بۇغدايغا بېرىلىدىغان ياردەم تولۇقلىمىسىنى 180 يۈەندىن 220 يۈەنگە ئۆستۈردى، ھەر مو سىلوس كۆممىقوناققا بېرىلىدىغان ياردەم تولۇقلىمىسىنى 100 يۈەندىن 120 يۈەنگە ئۆستۈردى.

بۇنىڭدىن سىرت، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېتىۋېلىش ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىش قاتارلىق بىر قاتار ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىپ، ئېتىز - ئېرىقلارنى پەن - تېخنىكىلاشتۇرۇپ، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى.

4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، جىمسار ناھىيەسىنىڭ ئەرگۈك بازىرى ليۇخۇدى كەنتىدە، تيەنخې دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ چوڭ تىپتىكى سېپىالكىسى كۆممىقوناق تېرىۋاتاتتى، ئۇ، «ئاقىل يېزا ئىگىلىك سىستېمىسى» مەشغۇلاتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇقنى تېخىمۇ دەل جايىدا سېلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. «بۇ سىستېمىدا ئۇرۇق سېلىش مەشغۇلاتىنىڭ تۈپتۈز بولۇش دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، 1000 مېتىردىكى پەرقى ئىككى سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. بۇ سىستېما ئۇرۇق سالغان چاغدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى توغرا ئوقۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ دورا چېچىش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى قانات يايدۇرۇشىغا دەل جايىدا يول باشلاپ، پۇل ھەم كۈچنى تېجەيدۇ.» تيەنخې دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كېڭەش باشلىقى يۈ گۇاڭفۇ مۇنداق دېدى: «ئاقىل يېزا ئىگىلىك سىستېمىسى ئارقىلىق كۆممىقوناق تېرىغاندا، ھەر موسىنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى 50 كىلوگرام ئەتراپىدا ئاشۇرغىلى بولىدۇ».

«ئادەمسىز يول باشلاش سىستېمىسلىق سېپىالكا بىلەن ئۇرۇق سالغاندا، ئىلگىرىكى يىللاردا ھەر كۈنى 90 - 80 مو يەر تېرىلاتتى، ھازىر ھەر كۈنى 140 - 130 مو يەرنى تېرىغىلى بولىدۇ.» ساۋەن ناھىيەسىنىڭ داچۈەن يېزىسى ياڭجياجۇاڭ كەنتىدىكى دېھقان شيا تەيپىڭ مۇنداق دېدى: «سىياسەتنىڭ يۆلىشى، يېڭى تېخنىكىنىڭ قوللىنىلىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يىلنىڭ يەنە بىر مول ھوسۇللۇق يىل بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)